# پارتىيە بايرىقى يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ئاساسىي جەڭ مەيدانىدا ئېگىز جەۋلان قىلدى

## —— ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىنى تىببىي قۇتقۇزۇش - داۋالاش بويىچە بېكىتىلگەن دوختۇرخانا ۋاقىتلىق پارتىيە كومىتېتى توغرىسىدا

يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش جېڭىدىكى قەھرىمانلار

□ ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى چاۋ جىن

2020 - يىلى 7 - ئايدا، ئۈرۈمچىنى بىر مەيدان يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ تۇمانى قاپلىدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى كەسكىنلىك بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىنى تىببىي قۇتقۇزۇش - داۋالاش بويىچە بېكىتىلگەن دوختۇرخانىنى تەشكىللەپ قۇرۇشنى ھەم دوختۇرخانا ۋاقىتلىق پارتىيە كومىتېتى قۇرۇشنى قارار قىلدى.

ۋاقىتلىق پارتىيە كومىتېتىنىڭ رولى «ۋاقىتلىق ئەمەس». ۋىرۇس بىلەن بىۋاسىتە كۆرەش قىلىش، ھاياتلىقنى قۇتقۇزۇش ئاساسىي جەڭ مەيدانىدا بېكىتىلگەن دوختۇرخانا ۋاقىتلىق پارتىيە كومىتېتى 2023 نەپەر تىببىي خىزمەتچىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ۋە يېتەكلەپ، ۋىرۇسنىڭ «گېلىدىن» چىڭ بوغۇپ، تېنى بىلەن ئاغرىقلارنىڭ ھاياتى، ساغلاملىقىنى قوغدايدىغان پولات سېپىل قۇرۇپ، ئاپتونوم رايون بويىچە يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا تاقابىل تۇرۇشتىكى ئىلغار ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتى دېگەن نامغا ئېرىشتى.

### كۈچنى بىرتۇتاش توپلاپ، كېچە - كۈندۈز جاسارەت بىلەن جەڭ قىلىش

«ۋاقىتلىق پارتىيە كومىتېتى كۈچنى بىرتۇتاش جۇغلاپ، كېچە - كۈندۈز جاسارەت بىلەن جەڭ قىلىپ، پەقەت ئۈچ كۈندىلا ئەسلىدىكى 6 - خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ يۇقۇملۇق كېسەلگە گىرىپتار بولغان ئاغرىقلارنى يۆتكەپ توشۇش خىزمىتىنى تاماملىدى، ئۈچ كېچە - كۈندۈزدىلا تۆت كېسەلخانا بىناسىدىكى 21 كېسەل رايونىنى ئۆزگەرتىش ۋەزىپىسىنى تاماملىدى.» ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىنى تىببىي قۇتقۇزۇش - داۋالاش بويىچە بېكىتىلگەن دوختۇرخانا ۋاقىتلىق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى بولغان ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە - ساغلاملىق كومىتېتى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق دوختۇرخانىسى پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى يۈ ئەيپىڭ مۇنداق تونۇشتۇردى: ۋاقىتلىق پارتىيە كومىتېتىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، دوختۇرخانا يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىغا گىرىپتار بولغانلارنى قوبۇل قىلىپ داۋالايدىغان كارىۋات ئورنىنى 282 دىن تېز سۈرئەتتە 883 كە كۆپەيتتى، ئېغىر ئاغرىق كارىۋىتى ئورنىنى 26 دىن تېز سۈرئەتتە 55 كە كۆپەيتتى ھەم ECMO، نەپەسلەندۈرۈش ئاپپاراتى، كۆچمە CT، قاندىكى ئوكسىگېننى كۆزىتىش - ئۆلچەش ئاپپاراتى، نوكلېئىك كىسلاتاسىنى تېز تەكشۈرۈش ئۈسكۈنىسى قاتارلىق تىببىي داۋالاش ئۈسكۈنىلىرى ۋە خورىما ماتېرىياللارنى جىددىي سەپلەپ تولۇقلاپ، ئاغرىقلارنى قۇتقۇزۇش - داۋالاش خىزمىتىگە پۇختا ئاساس سالدى.

«بېكىتىلگەن دوختۇرخانىنى قۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈش ۋە قۇرۇشتا دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشىغا ئېرىشتۇق، بۇ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ چوڭ ئىشلارنى قىلىش، قىيىن ئىشلارنى قىلىش، جىددىي ئىشلارنى قىلىشتەك ئۆزگىچە ئەۋزەللىكىنى تولۇق نامايان قىلدى» دېدى يۈ ئەيپىڭ.

### ئىلمىي قۇتقۇزۇش - داۋالاش مېخانىزمى ئورنىتىش

يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى ئاغرىقلىرىنىڭ تەدرىجىي كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، بېكىتىلگەن دوختۇرخانىنىڭ قۇتقۇزۇش - داۋالاش خىزمىتىمۇ بارغانسېرى قىيىنلاشتى. ئاچقۇچلۇق ۋاقىتتا، خەتەرلىك پەيتتە، پارتىيە تەشكىلاتى تايانچ بولدى. يۇقىرى دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن، ئاغرىقلار رايونىدا 33 ۋاقىتلىق پارتىيە ياچېيكىسى قۇرۇلدى، 613 پارتىيە ئەزاسى ئاتاكىدا ئالدىغا ئۆتتى، قۇتقۇزۇش - داۋالاشنىڭ بىرىنچى سېپىدە 103 پارتىيە ئەزاسى تەرەققىي قىلدۇرۇلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق دوختۇرخانىسى نەپەس يولى كېسەللىكلىرى ۋە خەتەرلىك، ئېغىر كېسەللەر تىببىي مەركىزىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى نيۇ لىڭ مۇداپىئە كىيىمىگە «مەن پارتىيە ئەزاسى» دېگەن تۆت چوڭ خەتنى يازدى. ئۇ ئۆتكەلنى ئالدىغا يۆتكەشتە چىڭ تۇرۇپ، ئىنچىكە داۋالاش ئارقىلىق ئاغرىقلارنىڭ «يېنىك دەرىجىدىن ئېغىر دەرىجىگە ئۆزگىرىشى»نىڭ ئالدىنى ئالدى. «پارتىيە ئەزالىرى خەتەرلىك پەيتتە ئوتتۇرىغا چىقالايدىغان، تاقابىل تۇرالايدىغان بولۇشى كېرەك» دېدى ئۇ.

ئۈلگە كۆرسىتىشنىڭ ئۆزى ئۈنسىز يېتەكلەشتۇر. پېشقەدەم پارتىيە ئەزاسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئاپتونوم رايونلۇق جۇڭيى دوختۇرخانىسى ئىچكى كېسەللىكلەر 4 - بۆلۈمىنىڭ سېسترالار باشلىقى لى يۈەنيۈەن ئاغرىقلارنى كۆڭۈل قويۇپ ئورۇنلاشتۇردى، ئۇ ئۇنىۋېرسال سېسترالارنى يېتەكلەپ ئاغرىقلارنى يېقىن كىشىلىرىدەك كۆرۈپ، كۆڭۈل قويۇپ پەرۋىش قىلىپ، كۆڭۈل قويۇپ ھالىدىن خەۋەر ئالدى.

پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئاۋانگارتلىق، ئۈلگىلىك رولى پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ چاقىرىق كۈچى، ئۇيۇشتۇرۇش كۈچىنى يەنىمۇ ئاشۇردى، بىر تۈركۈم پارتىيەگە كىرىش ئاكتىپلىرى يۇقۇم جەريانىدا تاۋلاندى. ۋاقىتلىق پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، بارلىق داۋالاش ئەترىتىنىڭ ئەترەت ئەزالىرى جەڭگىۋارلىقنى ئاشۇرۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشقا ئەڭ كۈچلۈك ئىشەنچ بېغىشلىدى.

ۋاقىتلىق پارتىيە كومىتېتىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، بېكىتىلگەن دوختۇرخانا مۇتەخەسسىسلەر بىرلىشىپ دىياگنوز قويۇپ، تەتقىق قىلىپ ھۆكۈم قىلىش مېخانىزمى ئورنىتىپ، دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ مۇتەخەسسىسلىرىدىن تەشكىللەنگەن بىرلەشمە مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسى قۇرۇپ، ھەر كۈنى ئىككى قېتىم تەتقىق قىلىپ ھۆكۈم قىلىش ۋە بىرلىشىپ دىياگنوز قويۇشتا چىڭ تۇردى. كۆپ پەندىكىلەر بىرلىشىپ ھەرىكەتلىنىش مېخانىزمى ئورنىتىپ، يەتتە كۆپ پەن مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسى قۇرۇپ، دەل جايىدا داۋالاش ئېلىپ باردى. يۇقىرى ئۈنۈملۈك يۈرۈشتۈرۈش مېخانىزمى ئورنىتىپ، تىببىي ئىشلار، پەرۋىش قىلىش، دوختۇرخانا ئىچىدە يۇقۇملىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش قاتارلىق ئالتە چوڭ تارماق قۇرۇپ، تۈزۈم، تەرتىپتىن 155 تۈرنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، بېكىتىلگەن دوختۇرخانا، زاپاس دوختۇرخانا، سالامەتلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش دوختۇرخانىسىدىن ئىبارەت ئۈچ دوختۇرخانىنىڭ بىرلىكتە ھەرىكەتلىنىشىنى ئىشقا ئاشۇردى. كۆڭۈل بۆلۈش، غەمخورلۇق قىلىش مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، كۆڭۈل بۆلۈش، غەمخورلۇق قىلىش مەخسۇس بەنى قۇرۇپ، بەنلەرنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇپ، جۇڭيى دورىسى قايناتمىسى تارقىتىپ، پسىخىكىلىق يېتەكچىلىكنى قانات يايدۇرۇپ، بىرگە بىر ياردەم بېرىپ، يۆلەپ 270 تىن ئارتۇق قىيىنچىلىقنى ھەل قىلدى.

### پارتىيە ئەزالىرى ئەڭ ئالدىنقى سەپتە كۆرەش قىلىش

باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ «داۋالاپ ساقايتىش نىسبىتىنى ئۆستۈرۈش، كېسەل بىلەن ئۆلۈپ كېتىش نىسبىتىنى تۆۋەنلىتىش» يوليورۇقىنىڭ تەلىپى بويىچە، دۆلەت بىرلىشىپ ئالدىنى ئېلىش، بىرلىشىپ تىزگىنلەش مېخانىزمى پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان 18 مۇتەخەسسىسنى بېكىتىلگەن دوختۇرخانىنىڭ ئۈچ ICU ئاغرىقلار رايونىغا ئاجرىتىپ، پۈتۈن شىنجاڭدىن 2000 دىن ئارتۇق مۇنەۋۋەر دوختۇر - سېستىرانى 24 ئاغرىقلار رايونىغا ئاجرىتىپ، ئەڭ زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ ھەربىر ئاغرىقنى قۇتقۇزدى، داۋالىدى.

«مەن پارتىيە ئەزاسى، مەن تىزىملىتىمەن!» «مېنىڭ ۋۇخەندىكى يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش تەجرىبەم بار، ئالدى بىلەن مېنى ئەۋەتىڭلار!» «پارتىيە مېنى تەربىيەلىدى، ھازىر دەل مېنىڭ ئاتاكىغا ئۆتىدىغان ۋاقتىم، مەن بىرىنچى سەپكە بارىمەن!»...«مەن تىزىملىتىمەن» دېگەن بۇ سۆز كەڭ پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئەڭ جاراڭلىق قەسىمى بولدى.

ئۇلار جەڭچى سۈپىتىدە ئۆلۈمگە ئامال، ئاغرىققا سەۋەب قىلىدىغان جەڭ مەيدانىدا قايتا - قايتا ئاتاكىغا ئۆتۈپ، ھېلىگەر ۋىرۇس بىلەن ئېلىشتى —— ICU دىكى «ئايال ئەزىمەت» لىۋ يەن بىلەن شى شياۋخۇي ئاپتونوم رايونلۇق خەلق دوختۇرخانىسى ئېغىر كېسەللەر تىببىي بۆلۈمىنىڭ دوختۇرلىرى بولۇپ، ۋۇخەندىكى يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشقا قاتناشقاندىن كېيىن، ئىككىسى يەنە بېكىتىلگەن دوختۇرخانىنىڭ ئېغىر كېسەللىرىنى كۆزىتىش ئۆيىدە قۇتقۇزۇش - داۋالاش خىزمىتىگە قاتناشتى؛ ھەربىر كېچىدە، بېكىتىلگەن دوختۇرخانىنىڭ تەكشۈرۈش بۆلۈمىدە چىراغلار ھەمىشە چاقناپ تۇراتتى. كلىنىكا دوختۇرلىرىنى ئەڭ دەل جايىدا ھۆكۈم بىلەن تەمىنلەش ئۈچۈن، پارتىيە ئەزاسى لىن جېچياڭ ئىش ئورنىدا بىر ئايدىن كۆپرەك چىڭ تۇرۇپ، «پارتىيە ئەزالىرىنى سىنايدىغان زەرىبىدارلار ئەترىتى»نى يېتەكلەپ، ھەرىكىتى ئارقىلىق ئاۋانگارتلىق رولىنى نامايان قىلدى؛ جاڭ لىڭ بىلەن چېن جېڭۋېن ئەر - خوتۇن ئىككىلىسى جەڭگە ئاتلىنىپ، جەڭ مەيدانىدىكى «ئەر - خوتۇن سەپداش» بولۇپ قالدى؛ ۋۇخەن بىرىنچى سېپىدە پارتىيەگە كىرگەن «90 - يىللاردا تۇغۇلغان» دوختۇر چاڭ سەيخۇا يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن توي قىلىش ۋاقتىنى ئىككى قېتىم ئۆزگەرتتى...

ئىلگىرى تۆت كۈن ھوشسىز ياتقان خەتەرلىك ئېغىر ئاغرىق جۇ ئەپەندى ھاياجانلانغان ھالدا مۇنداق دېدى: «دۆلىتىمىز قۇدرەتلىك، داۋالاش تېخنىكىسى يۇقىرى بولغاچقا جېنىمنى قۇتقۇزۇۋالدى.» ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىققان لىۋ ھەدە مۇنداق دېدى: «گەرچە مەن سىلەرنىڭ مۇداپىئە كىيىمى ئىچىدىكى چىرايىڭلارنى كۆرەلمىسەممۇ، لېكىن پۈتۈن زېھنىڭلار بىلەن ھالىمدىن خەۋەر ئالغان ھەربىر سىيمايىڭلارنى ئېسىمدە تۇتۇۋالدىم.» 92 ياشلىق بىر ئاغرىق دوختۇرخانىدىن چىققاندا تولۇپ تاشقان مىننەتدارلىق بىلەن مۇنداق دېدى: «مەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكىنى مەڭگۈ ھىمايە قىلىمەن».

2020 - يىلى 9 - ئاينىڭ 7 - كۈنى، ئۈرۈمچىدە يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى دەپ ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مىسالى، كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن يۇقۇملانغۇچىلار پۈتۈنلەي «نۆللەشتى». ئاغرىقلاردىن بىرىمۇ ئۆلمەسلىك، تىببىي خادىملاردىن بىرىمۇ يۇقۇملانماسلىق نىشانى ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، «يۇقۇم»غا قارشى تۇرۇش جېڭىدە قالتىس نەتىجە قەغىزى تاپشۇرۇلدى.

يۈ ئەيپىڭ مۇنداق بىلدۈردى: بېكىتىلگەن قۇتقۇزۇش - داۋالاش دوختۇرخانىسىدا قۇتقۇزۇش - داۋالاشقا قاتناشقان ھەربىر ئاق خالاتلىق جەڭچى يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ئۇلۇغ روھىنى ھەر ۋاقىت ئەستە چىڭ ساقلاپ، زور كۈچ بىلەن ئەۋج ئالدۇرۇپ، ئۆز ئىش ئورنىمىزدا مەسئۇلىيىتىمىزنى تولۇق ئادا قىلىپ، جان تىكىپ ئىشلەپ، ئۆزىمىزنى بېغىشلاپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتى بىخەتەرلىكى، تەن ساغلاملىقىنى قوغداشتىن ئىبارەت مۇقەددەس ۋەزىپىمىز ۋە بۇرچىمىزنى تېخىمۇ ياخشى زىممىمىزگە ئالىمىز.

# يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشتە «مەھەللە دەرۋازىسى»نى چىڭ ساقلاش

## —— ئاپتونوم رايون بويىچە مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى ياقۇتگۈل سۇلتان توغرىسىدا

يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش جېڭىدىكى قەھرىمانلار

□ ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى خەن چىنيەن

«مەن داۋاملىق مەۋقەنى ئىش ئورنۇمغا قويۇپ مۇلازىمەتنى ياخشى قىلىپ، تىرىشىپ يەنە ئەلا نەتىجە يارىتىمەن» دېدى 1 - ئاينىڭ 22 - كۈنى قەشقەر شەھىرى ئۆستەڭبويى كوچا باشقارمىسى يۇملاق شەھەر يولى مەھەللىسى پارتىيە باش ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى ياقۇتگۈل سۇلتان.

1 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ئۆتكۈزۈلگەن ئاپتونوم رايوننىڭ يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش بويىچە تەقدىرلەش يىغىنىدا، ياقۇتگۈل ئاپتونوم رايون بويىچە مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى بولۇش سۈپىتى بىلەن نەق مەيداندا تەقدىرلەندى.

يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى بىلەن كۈچ سىنىشىشتا، ياقۇتگۈل مەھەللە كادىرلىرى ۋە پىدائىيلار بىلەن بىرلىكتە يۇقۇمنىڭ يامراشنى توسۇشتىكى بىرىنچى مۇداپىئە لىنىيەسىنى بەرپا قىلىپ، ئاھالىلەر ئىچىدە ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق، گۇمانلىق ئاغرىق كۆرۈلمەسلىكنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت لاياقەتلىك جاۋاب قەغىزى تاپشۇردى.

### ئاھالىلەرنى ھەر ۋاقىت كۆڭۈلگە پۈكۈش

ئون يىللىق ئاساسىي قاتلام خىزمەت تەجرىبىسىگە ئىگە «پېشقەدەم جەڭچى» بولۇش سۈپىتى بىلەن، ياقۇتگۈل يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشتە «مەھەللە دەرۋازىسى»نى ساقلاش مەسئۇلىيىتىنىڭ قانچىلىك چوڭ ئىكەنلىكىنى پىششىق بىلەتتى.

ئېنىقلاپ رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈش، نوكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈش، يېپىق ھالەتتە باشقۇرۇش، ئائىلىدە كۆزىتىش، مۇلازىمەتكە كاپالەتلىك قىلىش، دېزىنفېكسىيەلەپ مىكروب ئۆلتۈرۈشنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش... «يۇقۇم چېكىندۈرۈلمىسە، مەنمۇ چېكىنمەيمەن.» ياقۇتگۈل مۇنداق دېدى: يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى ئالدىدا، پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلارنىڭ قورقۇشقا ئاساسى يوق، چېكىنىشكە تېخىمۇ ئاساسى يوق.

ياقۇتگۈل تۇرۇشلۇق مەھەللىدە 1658 ئائىلە، 5322 ئاھالە بار. يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىدە، ياقۇتگۈل پۈتۈن كۈچى بىلەن قىلغان بىر ئىش —— «ئالدىنى ئېلىش» بولدى، يەنى ۋىرۇسنىڭ مەھەللىگە كىرىشىنىڭ ئالدىنى ئالدى. ئۇ مۇنداق دېدى: «ھازىر ھەممە تىنچلاندى، لېكىن دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشتە، بىز قىلچە بوشاڭلىق قىلساق بولمايدۇ».

يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش مەزگىلىدە، ياقۇتگۈل كېچىسى مەھەللىدىكى پارتىيەلىك كادىرلارنى تەشكىللەپ، يۇقىرىنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشكە ئالاقىدار ئورۇنلاشتۇرما - ئورۇنلاشتۇرۇشلىرىنى ئۆگەندى، كۈندۈزى پارتىيەلىك كادىرلارنى يېتەكلەپ، ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش تەدبىرلىرىدىكى تەلەپلەرنى ئەمەلىيلەشتۈردى. ئايرىم ئاھالىلەرنىڭ چۈشەنمەسلىكى، ھەتتا بەزىدە ئەيىبلىشىگە قارىتا، ياقۇتگۈل سوغۇققانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلدى. ئۇ مۇنداق دېدى: «مېنىڭ بۇ خىزمەتكە مېھرىم بار. گەرچە بەزى ئاھالىلەر ئاغرىنسىمۇ، لېكىن بۇنى ئۇلارنىڭ ياردەمگە ئەڭ موھتاج ۋاقتى دەپ چۈشىنىمەن. بىزنىڭ مەھەللە ئەڭ ئاساسىي قاتلامدا، بىر ئائىلىگە بىرەر مەسىلىنى ھەل قىلىپ بەرسەكمۇ، ئۇ ئائىلىگە نىسبەتەن چوڭ مەسىلىنى ھەل قىلىپ بەرگەن بولىمىز».

ياقۇتگۈل سەۋرچانلىق بىلەن ئاھالىلەر بىلەن ئالاقىلىشىپ، مېھىر بىلەن تەسىرلەندۈرۈپ، قائىدە سۆزلەپ قايىل قىلدى. 38 ياشلىق بۇ «كوچا باشقۇرغۇچى» كۆپچىلىكنى يېتەكلەپ ئاھالىلەر ئىچىدە ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق، گۇمانلىق ئاغرىق كۆرۈلمەسلىكتىن ئىبارەت لاياقەتلىك جاۋاب قەغىزى تاپشۇرۇپ، تەۋەلىكىدىكى ئاھالىلەرنىڭ ھاياتى بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى.

ياقۇتگۈلنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمەت تەجرىبىسىنى تېگى - تەكتىدىن ئېيتقاندا بىر جۈملە سۆزگە يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ —— ئۇ ئاھالىلەرنى ھەر ۋاقىت قەلبىگە پۈكتى. «سىز ھەر ۋاقىت ئۇلارنىڭ نېمىگە ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىنى ئويلىشىڭىز، ئۇلار ئېھتىياجىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتىن بۇرۇنلا ئۇلار ئۈچۈن ئويلاپ بولۇشىڭىز كېرەك» دېدى ئۇ.

### كۆپچىلىك ياققان ئوت كۆككە تۇتىشار

«مەھەللە خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتە تايىنىدىغىنىمىز كۆپچىلىكنىڭ كۈچى.» ياقۇتگۈل مۇنداق دېدى: «يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە تېخىمۇ شۇنداق».

يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتى باشلانغان باسقۇچتا، ياقۇتگۈل «مەھەللە پارتىيە باش ياچېيكىسى —— دائىرە پارتىيە ياچېيكىسى —— ئولتۇراق رايون ۋاقىتلىق پارتىيە ياچېيكىسى —— بىنا پارتىيە گۇرۇپپىسى» تەشكىلىي سىستېمىسىغا تايىنىپ، تۆۋەنگە چۈشكەن كادىرلار، تەۋەلىك رايوندىكى ھۆكۈمەت خادىملىرى، ساقچى ئىشلىرى خادىملىرى، بىنا باشلىقى، بىرلەشمە ئائىلە باشلىقى قاتارلىق ھەرقايسى كۈچلەرنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، ئائىلىدە كۆزىتىش مەزگىلىدە تۇرۇۋاتقان ئاھالىلەرگە مۇلازىمەت قىلدى.

«مەن چارلاش، ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشكە مەسئۇل بولاي» «مەن باشلامچى بولۇپ ئائىلىلەرگە كىرىپ رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرەي» «مەن نوكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈشنى تەشكىللەي»... مەھەللە «ئىككى كومىتېت» بەنزىسىدىكىلەر ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋەزىپىسىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۈستىگە ئالدى، «پارتىيە ئەزالىرى باشلامچىلىق بىلەن ئالدىغا چىقىش، ئامما ئەگىشىپ ئىشلەش»تەك كەيپىيات بارغانسېرى قويۇقلاشتى. يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىگە قاتنىشىشنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئىلتىماس قىلغان ئاھالە 96 گە يەتتى، ھەتتا باشلىنىشىدا يېپىق ھالەتتە باشقۇرۇش خىزمىتىنى چۈشەنمىگەن، ئاغرىنغان ئاھالىلەرمۇ كېلىپ پىدائىيلارغا ئېھتىياجى بار - يوقلۇقىنى سورايدىغان بولدى.

ياقۇتگۈل يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش بىلەن بىللە، خىزمەتچى خادىملار ۋە تەۋەلىكتىكى ئاھالىلەردە زىيادە ۋەھىمە پەيدا بولۇشتىن ساقلىنىش كېرەكلىكىنى ھېس قىلدى. ئۇ تەۋەلىكتىكى تىببىي خىزمەتچىلەرنى ئاھالىلەر ۋىيشىن توپىغا كىرگۈزۈپ، ئۇلارنى ۋاقتى چىققاندا ياردەملىشىپ ئاھالىلەر ئوتتۇرىغا قويغان مەسىلىلەرگە جاۋاب بېرىشكە تەكلىپ قىلدى؛ يەنە پسىخىك مەسلىھەتچىنى تېپىپ كىرىپ، كۆپچىلىكنىڭ تەشۋىشلىنىش كەيپىياتىنى پەسەيتىشكە ياردەم بېرىپ، مەھەللە خىزمەتچىلىرى، ئاھالىلەر قاتارلىق كىشىلەر توپىنى پسىخىكىلىق مەسلىھەت بېرىش مۇلازىمىتى بىلەن ھەقسىز تەمىنلەشكە تەكلىپ قىلدى.

يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش مەزگىلىدە، سىن يىغىنغا قاتنىشىش، ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمەت لايىھەسى تۈزۈش، ئورۇنلاشتۇرما قىلىنغان خىزمەت ۋەزىپىلىرىنى يۇقىرىغا يوللاش، تۆۋەنگە يەتكۈزۈشتىن سىرت، ياقۇتگۈل ۋاقىت چىقىرالىسىلا، مەھەللىنى ئايلىنىپ، تەكشۈرۈپ يوچۇقلارنى تېپىپ چىقتى. «كۆپچىلىك ياققان ئوت كۆككە تۇتىشار، كۆپچىلىك بىر ياقىدىن باش چىقارسا، چوقۇم ۋىرۇسنى چېكىندۈرەلەيدۇ.» ئۇنىڭ مەدەت بېرىشى خىزمەتداشلىرىنىڭ ئىشەنچىسىنى تېخىمۇ ئاشۇردى.

«مەھەللە خىزمەتچى خادىمى بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن، خەتەرلىك پەيتتە تەشەببۇسكارلىق بىلەن مەسئۇلىيەتچان بولۇپ، مەسئۇلىيەتنى زىممىمىزگە ئېلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ، مانا بۇ بىزنىڭ ئەسلىي مەقسىتىمىز ۋە بۇرچىمىز» دېدى ياقۇتگۈل.

### ئاھالىلەرنىڭ كىچىك ئىشى دەل مەھەللىنىڭ چوڭ ئىشى

«چەكمەنچى كوچىسى 2 - گۇرۇپپا 32 - نومۇرلۇق ئۆيگە سۈت تالقىنى، تاغارچى كوچىسى 7 - گۇرۇپپا 251 - نومۇرلۇق ئۆيگە قان بېسىمىنى تۆۋەنلىتىش دورىسى، قۇمدەرۋازا يولى 21 - نومۇرلۇق قورۇ 1201 - نومۇرلۇق ئۆيگە بىر خالتا ئۈن، خەلق غەربىي يولى 132 - نومۇرلۇق قورۇ 5 - بىنا 1102 - نومۇرلۇق ئۆيگە بىر تۇڭ سۇ يېغى، تۆگمەن كوچىسى 4 - گۇرۇپپا 23 - نومۇرلۇق ئۆيگە سەۋزە»... مۇشۇنداق مال سېتىۋېلىش تىزىملىكىدىن ياقۇتگۈل كۈندە بىرمۇنچىنى بىر تەرەپ قىلدى.

يېپىق ھالەتتە تىزگىنلەش مەزگىلىدە ئاھالىلەرنىڭ تۇرمۇش ئېھتىياجىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ياقۇتگۈل تېزدىن پارتىيە ئەزالىرى ئاۋانگارت ئەترىتى تەشكىللىدى، ئۇلار مال سېتىۋالغۇچى ۋە تېز يەتكۈزگۈچى بولدى.

«ئاھالىلەرنىڭ بالكوندا تۇرۇپ ھەربىر چاقىرىشلىرى، ۋىيشىن توپىدا ئوتتۇرىغا قويغان ھەربىر تۈرلۈك ئىلتىماس - تەلىپى، تېلېفوندا ئىنكاس قىلغان ھەربىر مەسىلىسى ئولتۇراق رايون بىنالىرى ئارىسىدا چېپىپ يۈرگەن پارتىيە ئەزالىرى ئاۋانگارت ئەترىتى ئەزالىرىنىڭ ئىنكاس قايتۇرۇشىغا ئېرىشتى» دېدى ياقۇتگۈل.

خىزمەتچى خادىملار ھەر كۈنى ئاھالىلەرنىڭ ۋىيشىن توپىدا قالدۇرغان مال سېتىۋېلىش سۆزلىرىنى بىرمۇبىر تىزىملاپ، كۈندىلىك مال سېتىۋېلىش تىزىملىكىنى رەتلەپ بولغاندىن كېيىن بۆلۈنۈپ ھەرىكەت قىلىپ، تىزىملىك بويىچە ماددىي ئەشيالارنى بىر - بىرلەپ سېتىۋالدى، ئاندىن ھارۋا بىلەن ھەربىر بىنا ۋە بىر قەۋەتلىك ئۆيلەرنىڭ ئىشىكى ئالدىغا ئىنتىرىپ ئاپىرىپ، ئۇچراشماي يەتكۈزۈپ بەردى.

60 ياشلىق ئىگە - چاقىسىز موماي بانۇخان ئىمىن كۆكتاتقا ئېھتىياجلىق بولۇپ، مەھەللىدىن ياردەم سورىغاندا، ياقۇتگۈل يېقىن ئەتراپتىكى ساقچى ئىشلىرى پونكىتىدىكى خىزمەتچى خادىمنى ياردەملىشىپ مومايغا يەتكۈزۈپ بېرىشكە ئورۇنلاشتۇردى. مەھەللىدىكى ئاھالىلەر بىنالىرىدا لىفت بولمىغاچقا، مەھەللە خىزمەتچىلىرى ۋە تۆۋەنگە چۈشكەن كادىرلار، پىدائىيلار بىناغا توختىماي چىقىپ - چۈشتى، لېكىن ئۇلارنىڭ بىرەرسىمۇ ۋايسىمىدى، چۈنكى ياقۇتگۈل باشتىن - ئاخىر بىرىنچى سەپكە ئاتلىنىپ، كۆپچىلىككە ئۈلگە بولدى.

«يېپىق ھالەتتە تىزگىنلەش مەزگىلىدە، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر كۈنى 1.3 توننا مېۋە - كۆكتات يەتكۈزدۇق، گۈرۈچ، ئۇن، ياغ قاتارلىق تۇرمۇش ماددىي ئەشيالىرىدىن جەمئىي 26 تونىنغا يېقىن توشۇدۇق، ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرىنى رېمونت قىلىش، سۇ، پار تۇرۇبىلىرىنى راۋانلاشتۇرۇش، توك، سۇنى ۋاكالىتەن سېتىۋېلىش قاتارلىق ئائىلە مۇلازىمىتى بىلەن 100 قېتىمدىن ئارتۇق تەمىنلىدۇق، ئاغرىپ قالغان ئاھالىلەر، قىيىنچىلىقى بار ئاممىغا ئىئانە قىلغان، دورا سېتىۋالغان پۇل 14 مىڭ يۈەن بولدى.» ياقۇتگۈل مۇنداق دېدى: ئاھالىلەرنىڭ كۈندىلىك كىچىك ئىشلىرى دەل مەھەللىنىڭ مۇھىم چوڭ ئىشى.